### شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 12 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا «مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى»، «مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا «يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش غەملەش ئىسلاھاتى لايىھەسى»، «پەن تەتقىقات خادىملىرىغا ۋەزىپە دائىرىسىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»، «كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»، «دۆلەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «مۇلازىمەت كەسپىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىشتە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، سىستېمىلىق تولۇقلاش، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش تەلىپى بويىچە، ئىچكىرىلەپ ئالغا سىلجىتىپ، دەل جايىدا يولغا قويۇش، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىش، ئاچقۇچلۇق، ئۇللۇق، مۇھىم، زور ئىسلاھاتلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئادىل، بىرلىككە كەلگەن بولۇش، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت بىردەك بولۇش، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش غەملەش تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان، شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش غەملەيدىغان، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئېنىق، كاپالەت مۇۋاپىق، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مۈلۈك ھوقۇقى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىغا ۋەزىپە دائىرىسىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بېرىپ، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەشغۇلات تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھوقۇق بېرىش شەكلى، نەتىجىنى باھالاش، پايدىنى تەقسىملەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئالدىن يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەللاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىشى ۋە فۇنكسىيە تەقسىماتىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەمۇرىي، كەسپىي ھوقۇق دائىرىسى تىزىملىكى، ئاپپارات ئىشتاتى فۇنكسىيە بەلگىلىمىسى، نىزامنامە باشقۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. جۇڭگوچە يېڭى تىپتىكى ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى پۈتۈن ۋەزىيىتىگە قويۇپ چىقارغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسى بولۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەتنى تەكىتلەپ، مۇلازىمەت قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۇل ئەسلىھەلەر ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تىرىكى، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئەللاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇشنى يۆنىلىش قىلىپ، ساقلانما مىقدار بىلەن ئېشىش مىقدارىنى، ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھەلەر بىلەن يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تېجەشلىك - يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەرزان - قولاي، ئەقلىي ئىقتىدارلىق - يېشىل، بىخەتەر - ئىشەنچلىك زامانىۋى ئۇل ئەسلىھە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئىجازەت چەكلىمىسىنى تۈرگە ئايرىپ قويۇۋېتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەمىنلەشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2019 - يىلى چېگىش، مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىس ئالدىدا، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تومۇرنى توغرا تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، نىشانلىق ئوق ئېتىپ، مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە قويغان ئاساستا، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنى پىلانلاپ، داۋاملىق تۈردە مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا مۇھىم، زور ئىسلاھات لايىھەلىرىنى تۈزۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تاماملاپ، ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەقىقىي، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، يەرلىكنىڭ ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشى ھەم ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ كېڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىسلاھات تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم قەدەم تاشلىدى.

2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تۈركۈم مۇھىم ئىسلاھات لايىھەلىرىنى داۋاملىق تۈزۈپ چىقىش كېرەك. نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىق تولۇقلىنىشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ تۇتۇپ، قاراتمىلىق، مەشغۇلاتچان، ئەمەلىي ئۈنۈملۈك بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان بولۇش، ئاددىي، قولايلىق بولۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى چىڭ كۆزلەپ، مۇھىم ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى باھالاش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى يېڭىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشنى ساھەمۇساھە چىڭ كۆزىتىش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كۈچىنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى بويىچە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈلمەكتە. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ۋە ھەرقايسى سەپتىكى يولداشلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز! ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، جەزمەن قىلچە بوشاشماي، سىجىل كۈچەپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇھىم خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك.

قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق ھالقىلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى چۆرىدەپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىش، داۋالاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېسەلنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەۋزەل داۋالاش بايلىقى ۋە تېخنىكا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاغىرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاپ، ئاغىرىقلار، بولۇپمۇ ئېغىر ئاغىرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ماسكا، تېببىي مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشكە تېزدىن تۈرتكە بولۇپ، قىس ماددىي ئەشيالارنى بىرتۇتاش يۆتكەپ تەقسىم قىلىپ، نۇقتىلىق رايونلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، تەمىنلەشنى تەشكىللەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، يۇقۇم ئالاھىدە ئېغىر ياكى خەۋپ - خەتىرى بىرقەدەر زور بولغان رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى، بولۇپمۇ ۋۇخەن شەھىرى يەنىلا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. كارىۋات ۋە تېببىي خادىم قاتارلىق داۋالاش بايلىقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش كېرەك، 19 ئۆلكە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەندىن باشقا ۋىلايەت، شەھەرلىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ھۆددىگە ئېلىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى توسۇشى كېرەك. خەۋپ - خەتىرى بىرقەدەر زور بولغان رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە قىلچە بوشاشقىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، سىرتتىن كىرىدىغانلار كۆپ چوڭ ئۆلكە، چوڭ شەھەرلەر بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ھالقىنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇم مەنبەسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىزگىنلەش كېرەك.

قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، رايون بويىچە تەدبىر قوللىنىش» تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك. رايون بويىچە، دەرىجە بويىچە، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشنى تۇتقا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش پىرىنسىپى بويىچە، ناھىيە تەۋەسىنى بىرلىك قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ناھىيە تەۋەلىرىنىڭ خەۋپ - خەتەر دەرىجىسىنى بېكىتىپ، رايون بويىچە، دەرىجە بويىچە پەرقلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، بىر تەرەپلىمە ۋە چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك، ئاددىيلارچە تاقىۋېتىپلا بولدى قىلىشقا، توختىتىپلا بولدى قىلىشقا بولمايدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يۇقۇم ۋەزىيىتىدىكى ئىجابىي ئۆزگىرىش كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسەكلا، بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار ھەم كۆزىمىز يېتىدۇ. غەلبە ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ!

**(2 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدى، نۆۋەتتە يۇقۇم ۋەزىيىتىدە پائال ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بىز جەزمەن غەلبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى قەتئىي چىڭىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بىخۇدلۇق، بوشاڭلىق ۋە تەلەي سىناش پسىخكىسىدىن ھەقىقىي ساقلىنىپ، قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىشىمىز كېرەك.

شۆھرەت زاكىر يەنە ئۈرۈمچى نېفت - خىمىيە شىركىتىنىڭ نېفت ئايرىش زاۋۇتى بىرىنچى بىرلەشمە كونترول بۆلۈمىگە كېلىپ، كارخانىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدا مۇداپىئەلىنىش، ئۈسكۈنىلەرنى يۈرگۈزۈش، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئۇ يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق، ئارقا سەپ كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۈرۈمچى نېفت - خىمىيە شىركىتىنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى بىرلەشمە كونترول مەركىزىدە، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارغا بولغان ئېھتىياج تەدرىجىي ئاشىدۇ، كارخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تەرتىپلىك ھالدا شارائىتى بار كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

---

### گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى:

# يەتتە چوڭ تەدبىر يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار دۇڭ رۇيفېڭ، شۇ چېڭ)** دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زېڭ يىشىن 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇنداق دېدى: بىرىنچى مىنىستىرلىق، كومىتېت بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، كەسپىي مۇناسىۋەت بىلەن خېيىم - خەتەردە قالغان تېببىي خادىملارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەش، تېببىي خادىملارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خادىملار ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتچىلىرىگە ۋاقىتلىق خىزمەت ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زېڭ يىشىن شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا يۇقىرىقىدەك ئىپادە بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، كەڭ تېببىي خادىملار باتۇرلۇق بىلەن يۇقۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى. يېقىندا، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ «بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكە دائىر بىرقانچە تەدبىر» ناملىق ئۇقتۇرۇشىنى ئۇلاپ تارقىتىپ، يەتتە جەھەتتىكى تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بۇ يەتتە جەھەتتىكى تەدبىر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تېببىي خادىملارنىڭ خىزمەت ۋە دەم ئېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش، تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداش، تېببىي خادىملارنىڭ تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سەھىيە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوشۇمچە ياردەم پۇل ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، تېببىي خادىملارغا بولغان ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى كۈچەيتىش، تېخىمۇ بىخەتەر كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش مۇھىتى يارىتىش، كەسپ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئىلغارلارنى تەقدىرلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

توردا بىۋاسىتە مەلۇم قىلىنغان سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 24 كىچە، مەملىكەت بويىچە تېببىي خادىملاردىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالى 1716 گە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىنىڭ %3.8نى ئىگىلىگەن؛ ئالتە تېببىي خادىم بەختكە قارشى قازا قىلغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قازا قىلغانلارنىڭ %0.4 نى ئىگىلىگەن.

شۇ كۈندىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ يىجۈەن مۇنداق دېدى: ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ بىر يۈرۈش ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئېغىر، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى بولغان داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي سانغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بىر قېتىملىق ئۈنۈم مائاشىنىڭ ئومۇمىي سانىنى تەكشۈرۈپ كۆپەيتىش، تېببىي خادىملارنىڭ ئىشتا يارىلىنىشنى بېكىتىش «يېشىل يولى»نى ئېچىش، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ خادىملىرىنى ۋاقىتلىق تولۇقلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر ياردەمچىسى ئوۋ ۋېنخەن مۇنداق دېدى: 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، ھەر دەرىجىلىك مالىيەلەرنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەسلىھە شارائىتىنى ياخشىلىشىنى قوللاشقا قىلغان چىقىمى 25 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قاتناشقان تېببىي خادىملار ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتچىلىرىگە خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللار بويىچە ھەربىر كىشىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۈنىگە 300 يۈەن، 200 يۈەندىن ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ، بۇ ياردەم پۇل مەبلىغىنى مەركەز مالىيەسى تولۇق ئۈستىگە ئالىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قوش غەلىبىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق ھالقىنى ياخشى تۇتۇپ، مەھەللە ۋە يېزىلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆتكەلنى ئالدىدا سۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك تولۇق تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا قايتقان خادىملارنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك؛ ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەۋزەل داۋالاش بايلىقى كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ئەللاشتۇرۇپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قوش غەلىبىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىنى ساقلاش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ، رايون بويىچە تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىشىنى تەرتىپلىك تەشكىللەپ، مۇھىم، زور تۈرلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇر ئىش باشلاش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا مەخسۇس تۈر بويىچە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ پۇقراۋى كارخانىلار، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قوش غەلىبىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئىقتىدار، سەۋىيەنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەيدەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈزەش كېرەك. چوڭ جەڭدە ئەسلىي مەقسەتنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى تاۋلاپ، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خېيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى باغزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)